شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 1 - ئاي
10
يەكشەنبە
维吾尔文 1 月10日
25302 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W    پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57    تىيانشان تورى: www.ts.cn

# تىنچ - ئامانلىقنى قوغدايدىغان خەلق قوغدىغۇچىلىرى

## —— تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

چاقناپ تۇرغان ساقچى بەلگىسىگە مۇقەددەس بۇرچ يۈكلەنگەن.

قىزىل ئىنقىلابىي تايانچ بازىدا دۇنياغا كېلىپ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، دۇنيادا تۇنجى بولۇپ «ساقچى» دېگەن نامنىڭ ئالدىغا «خەلق» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ ئاتالغان بۇ قوشۇن باسقان ھەربىر قەدەمدە، قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ شەرەپ قۇچۇپ كەلمەكتە.

ھەققانىيەت قىلىچىنى چاقنىتىپ، ھەممە ئائىلىلەرنى قوغداپ، خاتىرجەم ياشاش، خۇشال - خۇرام ئىشلەشكە كاپالەتلىك قىلدى، ئۇلارنىڭ قەيسەر، مېھرىبان، سادىق، قورقماس روھى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى.

ۋاقىت ئىستربىلكىسى 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىنى —— تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمىنى كۆرسىتىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ، دۆلەت قاتلىمىدىن مەخسۇس خەلق ساقچىلىرى قوشۇنى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بايرام، بۇ، پارتىيە ۋە خەلق جۇڭگو خەلق ساقچىلىرىغا بەرگەن يۈكسەك شان - شەرەپ.

ئۇلار بۇ شەرەپكە مۇناسىپ!

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# سىستېما قارىشى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، ئاساسىي كۈچەيتىش يۆنىلىشىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ھەقىقىي تۈرتكە بولۇش كېرەك

## تۇنجى قېتىملىق «جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمى» يېتىپ كېلىش پەيتىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ساقچىلىرىدىن سەممىمىي ھال سورىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا سىياسىي قانۇن خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى: 2020 - يىلى سىياسىي قانۇن سېپى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشقا بىخەتەر، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى ياراتتى. 2021 - يىلى «14 - بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلى، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەز دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىستېما قارىشى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، ئاساسىي كۈچەيتىش يۆنىلىشىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ھەقىقىي تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي ئاڭنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پىلانلىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى كۆزلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلدۇ: 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغانغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغاننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەنئى قىلغاننى قەتئىي قىلماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت»نى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى ئەڭلەپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# شىنجاڭنىڭ ئالتە كۆمۈر ئېچىش تۈرى دۆلەتنىڭ تەستىق جاۋابىغا ئېرىشتى

## يىللىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىليون 300 مىڭ توننىغا يېتىدۇ

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسى يېقىندا ئومۇمىي ئۆزگەرتۈش ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئالتە كۆمۈر ئېچىش بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرىگە تەستىق جاۋاب بېرىپ قوشۇلدى، ئومۇمىي سېلىنما جەمئىي 7 مىليارد 998 مىليون يۈەن بولۇپ، يىللىق قۇرۇلۇش كۆلىمى جەمئىي 15 مىليون 300 مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

بۇ ئالتە چوڭ تۈر ئايرىم - ئايرىم ھالدا: سانجى بەيياڭخې كان رايونىنىڭ تيەنيى كۆمۈر كان تۈرى، قوشتولغاي كان رايونى كىچىك تېپتىكى كۆمۈر كانلىرىنى بىرىكتۈرۈش رايونىدىكى ئالتاي شىنتەي كانچىلىقىنىڭ 5 - نومۇرلۇق كۆمۈر كان تۈرى، چىقتىم كان رايونى بايلىقنى بىرىكتۈرۈش رايونىنىڭ 2 - نومۇرلۇق قۇدۇق بىرىكتۈرۈش تۈرى، شەرقىي جۇڭغار

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئاچتى

# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# بەخت كەنتىدىكى «قاپاق مەخپىيىتى»

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى گې يۈۋجۈن  ئىختىيارىي مۇخبىر چېڭ يۈك

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ۋۇگوڭتەي بازىرى بەخت كەنتىگە جايلاشقان قاپاق مەدەنىيىتى ئىجادىيەت كەسپىلەر باغچىسىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولغان قاپاق ئويمىچىلىقى، پىلتىز ئويمىچىلىقى ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ۋارىسى تاۋ يەنشەن ۋە ئوغلى تاۋ خېيىن قاپاق ئەسىرى ئويۇۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرى سايىلىقىدە ھەتچىلەرنى قەدىمىنى توختىتىپ تاماشا قىلىشقا جەلپ قىلدى.

شەخسىي قىزىقىشتىن پۈتۈن كەنتتە قاپاق ئۆستۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشقىچە، قاپاق مەدەنىيىتى ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشتىن مەدەنىيەت ئىجادىيەت كەسپىلەر باغچىسى بەرپا قىلىشقىچە، تاۋ يەنشەن ئاتا - بالا قاپاق تېرىقچىلىقى، ئويمىچىلىقى جەھەتتە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، كەنتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، قاپاقنى بەخت كەنتىنىڭ بەخت «مەخپىيىتى»گە ئايلاندۇردى.

### «كىچىك ھۈنەر» چوڭ كەسىپنى يېتىلدۈردى

يېڭى يىللىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، قىلىن قار يېغىپ بەخت كەنتىنى ئاپئاق لىباسقا ئورىدى، بىر قىسىم ساياھەتچىلەر بەخت كەنتىدىكى قاپاق مەدەنىيىتى ئىجادىيەت كەسپىلەر باغچىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

«قاپاق تىلىمىزدا ‹بەخت - سائادەت› دېگەن سۆزگە ئاھاڭداش، قەدىمدىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ قاپاقتىن ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى ياسىشىدا بەخت - سائادەت تىلەش مەقسىتى قىلىنغان، ھازىر ئۇنىڭ بىر كەسىپ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغاندىم، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال» دېدى 86 ياشلىق تاۋ يەنشەن.

تاۋ يەنشەن كىچىكىدىن تارتىپ قاپاق ئويمىچىلىقىنى ياخشى كۆرەتتى،

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

تىرىشىپ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەيۋەتلىك گۈزەل يۈكسىمە رەسىمىنى سىزىپ چىقايلى

ئىستون سۆزى

مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە چوقۇم يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ مۇشكۈل، ئەڭ ئېغىر ۋەزىپە يەنىلا يېزىلاردا، ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر ئاساس يەنىلا يېزىلاردا. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك، بۇ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكىلىشى. گېزىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ «تىرىشىپ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەيۋەتلىك گۈزەل يۈكسىمە رەسىمىنى سىزىپ چىقايلى» ئىستونىنى ئېچىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي - شىمالىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىششقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي - باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى جانلىق ئەمەلىيەتنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئوقۇش يېتەكچىسى

تىيانشان مۇلاھىزىسى

## بۇ بايرام خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىلىرىغا مەنسۇپ

3 - بەتتە



ئارام كۈنىدىكى كۆزنەك خەلققە قولاي مۇلازىمەت

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شەنبە، كۇچا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش باشقۇرۇش چوڭ ئەترىتى ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنىنىڭ خەلق ساقچىلىرى شەھەر ئاھالىلىرىگە كەسىپ بېجىرىپ بەرمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ئورۇن مۇلازىمەتنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، ئارام كۈنى مۇلازىمەت كۆزنىكى ئېچىپ، ئاممىنىڭ كەسىپ بېجىرىشىگە قولايلىق ياراتتى.  □ نىياز راخمان فوتوسى

# قەھرىمان ئالەمدىن ئۆتتى  روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ

## —— جان پىدالىق بىلەن ئادەم قۇتقۇزغان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى لاچىن بايەكە توغرىسىدا ئەسلىمە (2)

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ليۇ شياڭ

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قىش كۈنلىرىدىكى ئىللىق قۇياش تۇتاش كەتكەن قارلىق تاغنى تېخى يورۇتمىغانىدى، تاغ جىلغىسى ئارىسىغا جايلاشقان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ تېزناپ يېزىسى تېزناپ كەنتىدە سوغۇق جانىدىن ئۆتەتتى.

لاچىن بايەكەنىڭ جەستى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى كەنتتە ئۆتكۈزۈلدى. كىشىلەر سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇزىتىپ قويىدى. قايغۇ ۋە جۇدالىق ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇت، قارلىق تاغ، قوتاز... لاچىن بايەكە مانا بۇ ئېگىزلىكتىكى پاكىز تۇپراقتىن كەلگەن، ئۇ پاك كېلىپ، ئالىيجانابلىق بىلەن قايتتى.

### قەھرىمان روھى يۇرتىغا قايتىپ كەلدى

لاچىن بايەكە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتقۇزۇپ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، ئۇ قەھرىمان بولۇشقا مۇناسىپ. لېكىن بۇ يەردە، ئائىلىسىدە، ئۇ بىر ئوغۇل ئىدى، بىر ئاتا ئىدى.

يېشى 70كە ئۇلاشقان بايەكە كەلدىبېك ئوغلىنىڭ قۇربان بولغانلىق قايغۇلۇق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە ئېغىر قەدەم تاشلاپ بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ئەۋلادنىڭ چېگرانى چارلاش، چېگرانى قوغداش سۈرەتلىرى، شەرەپ گۇۋاھنامىسى قويۇلغان كۆرگەزمىخانىغا كىردى. ئۇ ئوغلىنىڭ سۈرىتىنى ئاستا ئېلىپ سۈرتۈپ قويۇپ، تەپسىلىي سىنچىلاپ قارىدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)